# ئامېرىكا شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى ئىمزالاپ خەلقئارا قانۇنغا ئوچۇق ـ ئاشكارا خىلاپلىق قىلدى

## ـــــ مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى جالالنى زىيارەت

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ۋۇ دەننى، ماھمۇد فۇللى**

ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش «2020 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىغا قارىتا، مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى مۇھەممەد نىيۇمان جالال يېقىندا مىسىر پايتەختى قاھىرەدە شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرىنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق بىلدۈردى: بۇنداق قىلمىش خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق.

جالال مۇنداق تەكىتلىدى: مەيلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياكى دۆلەت مەجلىسى بولسۇن، بىردەك باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا قارىتا قانۇن لايىھەسى ئىمزالاش ھوقۇقى يوق.

قانۇن لايىھەسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاما، ئىلىم ساھەسىدىكى زاتلار، دىن ساھەسىدىكى زاتلار قاتارلىقلار چەكسىز غەزەپلىنىپ، كۈچلۈك ئەيىبلىدى ۋە قەتئىي قارشى تۇردى، جالال بۇنى چۈشىنىدىغانلىقى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئامېرىكىنىڭ بۇ قىلمىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەخلى ـ تەرۇز قىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگو شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلىرىنىڭ ھەممىسىدە پاكىت ئېنىق بولماسلىق، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت.

«مەن شىنجاڭغا كۆپ قېتىم زىيارەتكە بارغان، ئەڭ يېقىنقى بىر قېتىملىقى 2014 ـ يىلى بولۇپ، مەن ئۇ يەردىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.» جالالنىڭ خاتىرىسىدە، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ماددىي بايلىقى مول بولۇپ، شەھەر كوچىلىرى پاكىز، رەتلىك، چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدىن مېۋە ـ چېۋىنىڭ خۇش ھىدى تارقىلىپ تۇرىدۇ.

جالالنىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرىغا ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر قېتىملىق شىنجاڭ سەپىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىلىم ئېلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، دىن قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغانلىقنى ھېس قىلغان. «ھەرقايسى مەسچىتلەردە، كىشىلەرنىڭ ئەركىن ھالدا دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقنى كۆردۈم» دېدى ئۇ.

ئۇ مۇنداق قارىدى: قانۇن ئالدىدا ھېچكىم ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولمايدۇ، ھەر قانداق كىشى دىن نامى بىلەن قانۇنسىز پائالىيەت ياكى تېررورلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا، جەزمەن قانۇننىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

جالال ئەسلەپ مۇنداق دېدى: كۆپ يىللار ئىلگىرى ئامېرىكا قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق مىسىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ئەيىبلىگەن، ئۇ ئەينى چاغدا ماقالە يېزىپ، ئامېرىكىنىڭ مىسىرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق، دەپ تەنقىدلىگەن. «شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى ئىمزالاپ قانۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى ئامېرىكىنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن تەكەببۇر پوزىتسىيەسىنى يەنە بىر قېتىم ئەكس ئەتتۈردى» دېدى جالال.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، جالال يەنە غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئادىل بولمىغان خەۋەرلىرىگە قارىتا گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق قارىدى: غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ پاكىتلىرىنى دائىم ئويدۇرۇپ چىقىرىشى ياكى بۇرمىلىشى جۇڭگوغا قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈندۇر. «ئۇلار ھەمىشە جۇڭگوغا قارشى تەشكىلاتلاردىن بىر تەرەپلىمە، ئوبيېكتىپ بولمىغان ئۇچۇرلارغا ئېرىشىدۇ.» ئۇ مۇنداق دېدى: مىسىر ھەمدە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى پاكىتقا كۆز يۇمغان قانۇن لايىھەسى ۋە خەۋەرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

«جۇڭگو قەدىمىي مەدەنىي ۋە چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە دۆلەت، خەلقى قىزغىن، دوستانە، ئىشىنىمەنكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى جۇڭگودا ناھايىتى ياخشى قوغدالدى» دېدى جالال.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، قاھىرە، 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۇيىقەستى مۇقەررەر بىتچىت بولىدۇ

□ **شۇ گۇيشياڭ**

دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگو دۇنيا سەھنىسىنىڭ مەركىزىگە مىسلىسىز يېقىنلاشتى، خەلقئارادىكى تەسىر كۈچى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى خۇددى يىڭنە ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئىنتايىن زور تەشۋىش ۋە ئاچچىق غەمگە پېتىپ قالدى. ئۇلار ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى» «شىزاڭ مەسىلىسى» «شياڭگاڭ مەسىلىسى» «تەيۋەن مەسىلىسى» قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ قورشاش، توسۇش ئېلىپ باردى، بۇ قېتىم يەنە ئاتالمىش «2020 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئىنتايىن بىمەنە ھالدا دۆلەت ئىچكى قانۇنى شەكلى ئارقىلىق جۇڭگونى چەكلىمەكچى بولغانلىقى ئامېرىكىنىڭ ۋاستە تاللىماي، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كاشىلا قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىش، ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئاستىلىتىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل مەقسىتىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى.

**شىنجاڭنى مالىمان قىلىپ، جۇڭگونى توسۇش، ئامېرىكىچە «كىشىلىك ھوقۇق» دەستىكى ئارقىسىغا يامان غەرەز يوشۇرۇنغان**

ئامېرىكا نېمە ئۈچۈن ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدە ھەم ناھايىتى چوڭقۇر تارىخىي مەنبە، ھەم تەخىرسىز رېئال ئېھتىياج بار.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دۇنيا زومىگەرلىكىنى تالىشىش ئىستراتېگىيەلىك ئويلىنىشقا ئاساسەن، ئىلگىرى شىنجاڭغا ئۇزاق مۇددەت، سىجىل دىققەت قىلىش ئاساسىدا، سىستېمىلىق سىڭدۈرمەچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويغان. ئاساسلىقى شىنجاڭغا ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھەربىي نىشان ئۇچۇرلىرىنى توپلىغان؛ ئامېرىكىغا مايىل كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى «پانئىسلامىزم» «پانتۈركىزم» ئۇنسۇرلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى قوللىغان، «شىنجاڭ مۇستەقىللىقى» سۇيىقەستى ۋە ھەرىكەت قەدەم ـ باسقۇچىنى پىلانلىغان؛ نۇرغۇن مۇخبىرنى شىنجاڭغا زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئىگىلەپ، پائال ئەقىل كۆرسىتىپ پىلانلاپ، ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك نىشان بېكىتىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرغان.

سوغۇق ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىككى قۇتۇپ سىستېمىسى يىمىرىلدى، ئامېرىكا يەر شارىۋى ئىستراتېگىيە فاكتورىنى قايتا تەڭشەپ، ئىلگىرىكى جۇغراپىيەلىك ئىستراتېگىيەگە ئەھمىيەت بېرىشتىن سىرتقا ئامېرىكىچە قىممەت قارىشىنى چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە ئۆزگەرتتى. 1990 ـ يىلدىن كېيىن، ئامېرىكا گوۋۇيۈەنى يىللىق «كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى»نى قەرەللىك ئېلان قىلىپ، جۇڭگونى كىشىلىك ھوقۇققا ئېغىر دەخلى ـ تەرۇز قىلغان دۆلەت، دەپ قارىدى، ھەم ئاتالمىش «شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى»نى بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى. ئامېرىكىدىكى بەزى سىياسىي ئەربابلار شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ۋەكىللىك ئادەملىرىنى كەينى ـ كەينىدىن قوبۇل قىلدى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى خىراجەت ۋە تېخنىكا ياردىمى بىلەن ئاشكارا تەمىنلىدى، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ھەتتا شىنجاڭنى چەكلەيمىز دەپ ئاشكارا جار سالدى، شىنجاڭ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگونى توسۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشىدىكى مۇھىم سىياسىي دەسمايىسىگە ئايلاندى.

يېڭى ئەسىرگە كىرگەندىن بۇيان، ئامېرىكا ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»دە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ھە دەپ قۇسۇر تاپتى. «شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى سىياسىيلاشتۇرۇش، خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى؛ «قوش ئۆلچەم»نى يولغا قويۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ ھە دەپ زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىدى ھەم كونترول قىلدى؛ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىمىزگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنى ئالۋاستىلاشتۇرىدىغان ئاممىۋى پىكىر ھۇجۇمى قوزغىدى؛ شىنجاڭغا ئالاقىدار مىللەت، دىن مەسىلىسىنى كۆپتۈرۈپ، جۇڭگو بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى؛ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى يولغا قويۇشقا يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى تەسىر كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولدى. ئامېرىكىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى شۇكى، شىنجاڭدا «شىنا» قىلىپ، شىنجاڭنى جۇڭگونى غەربچىلەشتۈرۈش، پارچىلاشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى، «رەڭلىك ئىنقىلاب»نى يولغا قويۇشنىڭ قوزغىتىش مەنبەسى، جۇڭگونى توسۇش، بېسىشنىڭ كۆۋرۈك بېشى ئىستىھكامىغا ئايلاندۇرۇشتۇر، بۇ يامان سۇيىقەستلەر «سى ماجاۋنىڭ نىيىتى ھەممىگە ئايان» دېگەندەكلا ئېنىق!

**پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، قالايمىقان ئويدۇرۇش، ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار گەپ ـ سۆزلىرى پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز گەپلەر**

ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى» ھەرگىزمۇ قانداقتۇر كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس. ئۆتكەنكى بىر مەزگىلدە، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يامرىشىنىڭ تەسىرىدە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» دىنىي ئەسەبىيلىكنى ئىدىيەۋى ئاساس، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى ئاساسلىق ۋاستە، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ئاخىرقى مەقسەت قىلىپ، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسىنى پىلانلاپ ھەم تەشكىللەپ سادىر قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش تەرتىپىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. نۇرغۇنلىغان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى، ۋەقەلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىدىيەۋى مەنبە ئەسەبىزمنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشىدۇر، تېررورىزم، ئەسەبىزمدىن ئىبارەت زەھەرلىك ئۆسمە يوقىتىلمىسا، شىنجاڭدا مەڭگۈ خاتىرجەملىك بولمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق مەڭگۈ خاتىرجەم بولالمايدۇ.

«ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئېغىر تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش بىلەن كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر تېررورىزم، ئەسەبىزمگە قارىتا يۇقىرى بېسىملىق چۈچۈتۈش ۋەزىيىتىنى ساقلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە كەڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەت ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، نورمال ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلدى. تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى مۇئەييەن رايون، مىللەت، دىن بىلەن چېتىۋالماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، رايون، مىللەت، دىن قاتارلىق سەۋەبلەرنى ئاساس قىلغان ھەرقانداق كەمستىش خاراكتېرلىك ئۇسۇلنى چەكلىدى. كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئالدىنى ئېلىش، تەربىيەلەش، قۇتقۇزۇۋېلىش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاز ساندىكى جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان، جاھىل، ئۆزگەرمەس زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى، غوللۇق ئۇنسۇرلىرىنى قىلچە كەڭچىلىك قىلماي قاتتىق جازالاپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى؛ كۆپ ساندىكى جىنايىتى يېنىكرەك ۋە ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە قارىتا تەربىيە بېرىش، قۇتقۇزۇۋېلىش، قوغداشنى ئاساس قىلىپ، ياردەم بېرىپ، تەربىيەلەپ ئۆزگەرتتى. مۇقىملىقنى قوغداشنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قاتارلىق ساھەلەردىكى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. شىنجاڭنىڭ ئۇسۇلى تېررورىزم، ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋېلىپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمنىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى، ۋەقەلىرى يۈز بەرمىدى، ئەسەبىزم ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۇسۇلى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماختىشىغا ئېرىشتى. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىق 70 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك، گۇرۇپپا، 90 نەچچە دۆلەتنىڭ 1000دىن ئارتۇق ئادىمى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىقىغا يۈكسەك باھا بەردى. 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى (OIC) دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى كېڭىشىنىڭ 46 ـ قېتىملىق يىغىنى قارار ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ مۇسۇلمان ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى تەرىپلىدى. 7 ـ ئايدا، 50 نەچچە دۆلەتنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئالىي خاس خادىمىغا بىرلەشمە ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ، ئامېرىكا، غەربنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە بولغان قارا چاپلىشى، ھۇجۇم قىلىشىغا قاتتىق رەددىيە بەردى. 10 ـ ئايدا، 60 نەچچە دۆلەت 74 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى 3 ـ كومىتېتى يىغىنى مەزگىلىدە ئورتاق سۆز قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىگە مۇھىم تۆھپە قوشقانلىقىنى ماختىدى.

ھالبۇكى، غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ۋە چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، ئىناقلىقى، تەرەققىياتىنى كۆرۈشنى خالىماي، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى قىلچە تەپ تارتماي ئۆز مەيلىچە كۆپتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كوزىرى» «كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە كوزىرى» «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش كوزىرى» «يۇقۇم كوزىرى» «كىشىلىك ھوقۇق كوزىرى» «مىللەت كوزىرى» «دىن كوزىرى» «مائارىپ كوزىرى» «ئىلىم كوزىرى»نى ئويناپ، شىنجاڭغا قارىتا سىستېمىلىق ھۇجۇم قىلىپ، قارا چاپلاپ، قىلچە ئاساسى يوق، قىلچە تۆۋەن چېكى يوق، قىلچە داۋلىسى يوق ھالدا بىر يۈرۈش ئاتالمىش شىنجاڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى» «دىنىي ئەركىنلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلدى» «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ناچار بولدى. مەسىلەن، ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرى تەكرار كۆپتۈرگەن ئاتالمىش «كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى مىليونلىغان ئۇيغۇرنى قاماپ قويدى» دېگەن كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان بۇ پىتنە ـ ئىغۋانى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى قوللىغان ھۆكۈمەت سىرتىدىكى تەشكىلات «جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلار تورى» پەقەت سەككىز ئۇيغۇرنى زىيارەت قىلىش ۋە يۈزە، تەخمىنەن ھېسابلاشقا ئاساسلىنىپ توقۇپ چىققان. ھالبۇكى، ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بەزى تاراتقۇ مۇخبىرلىرى بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن، رەڭلىك كۆزەينەك تاقاپ قاراپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تاللاپ خەۋەر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پاكىتنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىغا قارا چاپلىغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

**رەزىللىككە تولۇپ، سېسىق نامى پۇر كەتكەن، ئامېرىكىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسى» چۈمپەردىسى ئۆزىنىڭ يىرتىلغان يارا ئىزىنى ياپالمايدۇ**

ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا ئۆزىنى «كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسى» «ئەخلاق رېھبىرى» دەپ ئاتىۋېلىپ، «كىشىلىك ھوقۇق كالتىكى»نى خالىغانچە پۇلاڭلىتىپ، ھە دېسىلا باشقا دۆلەتلەرنى «كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى»گە خىلاپلىق قىلدى دەپ ئەيىبلەپ كەلدى، لېكىن ئامېرىكىنىڭ ئۆزىدە كىشىلىك ھوقۇققا كەڭ كۆلەمدە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشتەك ئېغىر مەسىلە مەۋجۇت. ئامېرىكا يولغا قويغان «قوش ئۆلچەم» خۇددى بىر پارچە ئۆتمۇتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغانلىقىنى يوشۇرىدىغان ئۇيات لاتىسىغا ئوخشايدۇ، بۇ ئامېرىكىنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قارىتا ئۆتكۈزگەن جىنايى قىلمىشلىرىنى ھەرگىز ياپالمايدۇ.

ئامېرىكا دۆلەت ئىچىدە، «ئەركىنلىك ئىلاھى»نىڭ ئارقىسىدىكى بولسا بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق پاجىئەسىدۇر، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق، باي ـ نامراتلىقتا بۆلۈنۈش كۈنسېرى ئېغىرلاشتى، كۆچمەنلەر سىياسىتى قان قېرىنداشلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتتى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ھادىسىلىرى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، گۋانتانامو تۈرمىسىنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتتى، دىنلار كەڭ قورساق بولماسلىق توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئەدەپ كەتتى، مۇسۇلمانلار توپىنىڭ كەمستىشكە ئۇچرىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، «مۇسۇلمانلارنى چەكلەش بۇيرۇقى» خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەنقىدىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ يېقىندا، ئافرىقىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغان 46 ياشلىق ئەر جورجى فلويدنىڭ مىننېئاپولىس شەھىرىدە ساقچى تەرىپىدىن بويىنغا تىزلىنىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قېلىشى ئامېرىكا ۋە يەر شارىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە كەڭ كۆلەملىك ئېتىراز بىلدۈرۈش نامايىشى قوزغاپ، ئامېرىكىدا ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سىستېما خاراكتېرلىك ئىرقىي كەمستىش يارىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاچتى.

دۇنيادا، ئامېرىكا «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» دېگەن يەككە تەرەپچىللىك سىياسىتىنى كۈچەپ يولغا قويۇپ، كۈچىگە تايىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلدى، بولۇپمۇ چەت ئەللەردىكى ھەربىي ئىشلار ھەرىكىتى كىشىلىك ھوقۇق ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خەلقئارا جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئەيىبلەيدىغان «چاتاق تېرىغۇچى»غا ئايلاندى. ئامېرىكا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە خەلقئارا قانۇن مىزانىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا خىلاپلىق قىلىپ، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا، ئۆكتەملىك بىلەن ئىراق ئۇرۇشى، ئافغانىستان ئۇرۇشى، سۈرىيە ئۇرۇشىنى قوزغاپ، 801 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، 20 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ سەرگەردان بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ، ساقايماس ئۇرۇش جاراھىتى قالدۇردى. كەڭ كۆلەمدە «قىرلىق ئەينەك پىلانى»نى يولغا قويۇپ، ھوقۇق بېرىلمىگەن ئەھۋالدا، پۈتۈن كۈن 24 سائەت ئۆزى خالىغانچە پۈتۈن يەرشارىدا نازارەت قىلىپ تىڭشاش، نازارەت قىلىپ كۆزىتىشنى يولغا قويدى، ھەتتا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنىمۇ بوش قويۇۋەتمىدى. شۇنداقتىمۇ ھەر ۋاقىت پۈتۈن دۇنيانى نازارەت قىلىپ ـ كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان ئامېرىكا شىنجاڭنى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ئىشلىتىپ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى، دەپ بوھتان چاپلىدى، ھەم بۇنى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا كارخانىلىرىنى چەكلىدى، مانا بۇ، پۈتۈنلەي مۇتتەھەم، يولسىز بولغان قاراقچى لوگىكىسى.

پولاتتەك پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇرۇشخۇمار دۆلەت، كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش ئەڭ ئېغىر دۆلەت، ئەڭ ئەخلاق تۆۋەن چېكى يوق دۆلەت، ئامېرىكىنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قارىتا ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز، يەنە قايسى يۈزى بىلەن باشقا دۆلەتلەردىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ، قالايمىقان بىلجىرلايدۇ؟

**ۋەزىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىپ، قارشى يول تۇتۇش، ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۇيىقەستى مۇقەررەر تارىخنىڭ شەرمەندىچىلىك تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ**

ئامېرىكىنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۇيىقەستىنى يولغا قويۇپ، «دېموكراتىيە» ئارقىلىق زومىگەرلىكنى پەردازلىشى، «كىشىلىك ھوقۇق» ئارقىلىق زومىگەرلىكنى قوغدىشى، يولسىزلىقنى ھەققانىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشى، ئامېرىكىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان سىياسىي بىر تەرەپلىمە قارىشى، جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش، جۇڭگونى مالىمان قىلىشتەك قاراڭغۇ پىسخىكىسى، زومىگەرلىكنى قولدىن بېرىشكە چىدىماي، پۈتۈن كۈچ بىلەن جان تالىشىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى، بۇ تامامەن تارىخنىڭ كەينىگە ياندۇرغانلىقتۇر.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)